# ياخشىلىقتىن ھېچ قانداق بىر نەرسىنى تۆۋەن كۆرمىگىن، گەرچە قېرىندىشىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن بىقىش بولسىمۇ

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىقتىن ھېچ قانداق بىر نەرسىنى تۆۋەن كۆرمىگىن، گەرچە قېرىندىشىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن بىقىش بولسىمۇ».
[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ياخشىلىق گەرچە ئاددى بولسىمۇ ئۇنى تۆۋەن كۆرمەسلىككە رىغبەتلەندۈردى. مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلارغا ئوچۇق*-چىراي، خۇش-تەبەسسۇم بىلەن قاراشمۇ ياخشىلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مۇسۇلمان قېرىندىشى بىلەن ئۈلپەتلىشىش ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇرسەن قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىشنى ئۆزىدە يېتىلدۈرىشى كېرەك.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/5348